# ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ھەققىدە تەرتىپسىز دىئالوگلار

**يېڭى قوشۇلغان ئىلاۋە:** ئەينەك تورىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گەۋدىسى بولغان تور بەتتە بەزى تەنقىدلىرىم ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان 2004 ۋە 2005 ئارىلىقلىرىدا بەزىلەر ئامېرىكىدىكى مەشھۇر «پىت بازىرى»دا ماڭا قاراتقان بەزى سوئاللارنى ئېلان قىلىشتى. بۇ سوئاللار مېنىڭ رادىئو بىلەن مۇناسىۋىتىم، رادىئوغا قارىشىم، ئومۇمەن مەن ۋە رادىئونى چۆرىدىگەن مەزمۇنلاردا ئىدى. بۇ سوئاللارغا ئۇزاققىچە ئېتىبار قىلمايمۇ يۈردۈم، ئاخىرىدا يەنىلا سوئاللارنى رەتلەپ، بىر سوئال -جاۋاپ قۇراشتۇرۇپ چىقتىم. بۇ مەزگىلدە رادىئودىكى دولقۇن قەمبىرى ئەپەندىنىڭ دوكتورلۇقى پەش قىلىنىپ، ئۇنىڭ قارا قوساقلاردىن ئەمەسلىكى ھەققىدىكى ئاقلاشلارمۇ مۇشۇ پىت بازىرىدا كۆرۈنگەن ئىدى.

بۇ تەرتىپسىز دىئالوگلار قوراشتۇرۇپ چىقىلغان بولسىمۇ شۇنچە ئۇزۇن يىلنى باشتىن كەچۈرۈپ، «يارىماس ماقالىلار» توپلامىم ئىچىگە بەنت قىلىنىپ، ئېلان قىلىنماسلىققا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. سەۋەبى باشقا بەزىلەرگە، بەزى ساھەلەرگە ئىستەككە قارشى ھالدا «دەز كېتىش» نەزەردە تۇتۇلغان ئىدى. ئەمدى بۇ كۆڭۈلەرگە كەلگەندە تۈيۈقسىز بۇنى ئەسلەپ قېلىشىمغا نۆۋەتتە مەيدانغا كەلگەن ئاتموسفىرا — ئېنىقراقىنى دېسەم «قالغاچ ئۇۋىسى...» خاپىلىقى سەۋەپ بولدى. مەن بۇ دولقۇن قەمبىرى دېگەن جاناپ ھەققىدە چوقۇم توختالمىسام بولمايدىغانلىقىنى، بۇ جاناپنى خەلققە، تارىخقا ئەسلى سۈپەتلىرى بىلەن تونۇتۇپ قويمىسام بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ زۆرۈر بىر مىللىي مەجبۇرىيەت ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئادەمنىڭ نەقەدەر ئەخلاقسىز، پەزىلەتسىز بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچنېمە دېمەسلىك خۇددى بىر «تامايى بار»دەك ھاۋا ئەستۇرۇۋدۇغان تۈرى بار. شۇڭا، بۇ يەردە بۇ ئىلاۋە ئارقىلىق، ئەسلىدە ئېلان قىلماسلىق قارارىغا كېلىنگەن بۇ تەرتىپسىز دىئالوگلارنى ئېلان قىلىش قارارىغا كېلىپ قېلىشىمدىكى يېڭى سەۋەپلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر ھىساپلىدىم.

ئىلگىرى مەن ئىستانبۇلدا بىر ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ رادىئودىن نېمىلەرنى كۈتۈۋدۇغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانىدىم. بۇ ئىمزا توپلانغان قەغەزلەر ئامېرىكىغا ئەۋەتىلگەنمۇ بولدى. ئەمما بۇ ئادەم بۇنىڭدىن بىر نىشانىنىڭ ئۇپۇقىنى كۆرەي دېمىدى؛ كېيىن بەزى يېنىك تەنقىدلەر بىلەن غىدىقلاپمۇ باقتىم؛ بۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەۋەتىلگەن بەزى مەتۇ خەۋەرلەر پايدا-زىيىنى ئويلاپ كۆرۈلمەستىنلا ئېلان قىلىندى: بىرى قازاقىستاندا بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن، بىرىنچى سېكرىتار بولغان بىر مۇناپىق ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلى تىكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئىدى. كوممۇنىست دەۋرىدە يوقۇرى ئەمەل تۇتقان، كوممۇنىستلارنىڭ ئەتىۋار بالىسى بولغانلار ئومۇمەن خەلق دۈشمىنى ھىساپلانمامدۇ؟ بەك ئاددىي بىر فورمۇلا بىلەن بۇنى ئايرىغىلى بولۇۋدۇغان بولسىمۇ، ئەمما دولقۇن ئەپەندىدە بۇنى ئاڭقارغىدەك ئۇماچنىڭ يوقلۇقى بىلىندى، توغرىسى بۇنداق نىيەتنىڭ، سەزگۈر قەلبنىڭ يوقلۇقى تېخىمۇ ئېنىق ئىدى؛ كېيىن بىر ئۇيغۇر جاسۇس تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ مىللىي مەنپەئەتىمىزگە قارشى سوۋېت ك گ ب سىدە ئىشلىگەن پىشقەدەم جاسۇس ئىدى؛ تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، مەنسۇر روزىيېۋ دېگەن يەنە بىر مۇناپىق، شىڭ شىسەي جاللاتىنىڭ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىسىنىڭ «ئۇيغۇر زېمىنىدە» ناملىق كىتابىنىڭ خەۋىرى بولدى. بۇ كىتاپتا بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى بارلىق قەھرىمانلىرىمىز قارىلانغان بولۇپ، شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى مەيداندا تۇرۇپ پىكىر بايان قىلغان كىتاپ ئىدى! بۇ قەدەر ۋىجدانسىزلىقلارغىمۇ سۈكۈت قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇردىن باشقا بىر مىللەت بولۇۋدۇغان بولسا، مىللىي مەنپەئەتلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بۇنداق بىر ئورۇندا بۇنداق بىر قارا قوساق ياكى تېخىمۇ توغرىسى بۇنداق بىر نىيىتى بۇزۇقنىڭ ئىشلىشىگە ھەرگىز سۈكۈت قىلمىغان بولاتتى. ئەمما بىز دەپ ئۆتكۈنۈمىزدەك لامزەللە «دىپلومات مىجەز» بولغانلىقىمىزدىنلا بۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىدى ياكى بىز ئۈچۈن ئەزەلدىن «تەرەپ» مىللىي

مەنپەئەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرغاچقا مانا شۇنداق مىللىي زىيانداشلار مۇشۇنداق بىر ئورۇندا داۋاملىق تۇرۇپ، تېخىمۇ زور خىزمەتلەرنى قىلغىلى بولۇدىغان يوشۇرۇن پوتانسىيال ئەۋزەللىكلەر زايا كەتمەكتە ئىدى.

بۇ بىچارىنىڭ نەقەدەر قارا قوساقلىقىنى «قالىغاچ ئۇۋىسى... » ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، بۇ يۈزى قېلىن ئادەم قىلچە ئىككىلەنمەي، سىدىقھاجىنى ئويزورچۇلۇقتىن توختۇتۇپ قويىدى! گەرچە سىدىقھاجىنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى ئويزور دەپ كەتكۈدەك بىر نېمە بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ خەلققە مەلۇم پايدا بېرىشىنى جەزم قىلغىلى بولمىسىمۇ، نېمىلىكى بولمىسۇن دولقۇن قەمبىرىگە بۇرۇن يارىغان، رادىئونىڭ ئەھۋالىغا يارىشا بىر ئويزورچى ئىدى-دە. ئەمما شەخسىي خۇسۇمەتتىن توختۇتۇپ قويۇشى ھەقىقەتەنمۇ پەسكەشلىك بولغان! ئەخلاقسىزلىق بولغان! دەل كوممۇنىست ختايلاردىن يۇقتۇرۇپ كەلگەن بۇنداق رەزىل ئەخلاقسىزلىقنى ھۆر دۇنيادىمۇ تارتىنماستىن ئىشلەتكەن. كاشكى بۇنىڭغا ھەققى بولسا! چوڭ دادىسىدىن قالغان مۈلۈك بولغان بولسا!

رادىئودا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، رادىئودا دولقۇن قەمبىرىنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى، ھېچ بولمىغاندا شۇنداق كۆرۈنۈدۇ؛ بەلكىم بۇ دەسلەپتە رادىئوغا كىرىشتە تۈركىيەدىن ئالغاچ كەلگەن جاۋاھىراتلارنىڭ يۈزىدىن ياكى بىللە يېگەن ئۆپكە ھېسىپنىڭ يۈزىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتە بۇ ئادەملەر سىدىقھاجىنىڭمۇ يېقىنى بولۇپ، رادىئونىڭ ئىچكىي سىرلىرىنى تەمىنلەپ، رادىئونىڭ «قىزىلچىراق رايونى»غا ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى قۇترۇتۇپ، «قالىغاچ ئۇۋىسى... » دەك «ماقالە»لەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە كۈشكۈرتكۈچىمۇ بولالايدۇ.

بۇ ئادەملەرنىڭ ۋەتەندىن چىقىشىدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ كۆرۈدىغان بولساق شۇنداق ئاجايىباتلار بىلەن روبىرو كېلىمىز: ۋەتەندىكى بارلىق مال-مۈلكىنى ساتىدۇ، نۇرغۇن كىتاپنى يۈكلەپ، پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ؛ ئەمما ختاي ئىستىخباراتىنىڭ دىققىتى قوزغالمايدۇ! باللارغا پاسپورت بېجىرىش ئەزەلدىن ئاسان ئەمەس ئىدى، بۇنى كۆپچۈلۈك بىلىدۇ. پۈتۈن ئائىلە بىرلا قېتىمدا يولغا چىقىدۇ، كەلمەسكە كېتىۋاتقىنى بىلىنىپلا تۇرسىمۇ، ھاماقەت ختايلار بىلەلمەيدۇ! مانا مۇشۇنداق مۆجىزە يارىتالايدىغان ئۇلۇغ ئەرباپلارغا تولغان بۇ رادىئو قىلىشى مۇمكىن بولغان ئىشلارنى تولۇق قىلالىدىمۇ؟ ياق!

مانا مۇشۇنداق سەۋەپلەر بىلەن بۇ دىئالوگنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلدىم. ۋە بۇنىڭغا «قالىغاچ ئۇۋىسى... » ۋەقەسىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن سوئاللارنىمۇ قوشتۇم.

***

## سىزنىڭ رادىئو بىلەن چىقىشالماسلىقىڭىزنىڭ ئاساسىي سەۋەبى نېمە؟

چىقىشالماسلىق دېگەن سۆز قارىماققا مىجەزى ئوسال ئىككى ئادەمنىڭ تالىشىدەك، مەسلىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ كۆرسۈتۈدۇكەن، شۇنداق بولسىمۇ دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم. «چىقىشالماسلىقىم»نىڭ سەۋەبى، مەندە بىر ئىنقىلابىي پىرىنسىپ بار، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن شەيئىلەرنى باھالايدىغان ۋە شەخسلەرگە باھا بېرىدىغان. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى مانا شۇنىڭغا ئاساسەن زىت كېلىدۇ. بەزى (ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ) ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بۇنى ھازىرلىغۇچىنىڭ قوللىرىغا سۆيگۈم كېلىدۇ. دېمەككى، مېنىڭ بۇ «چىقىشالماسلىقىم»دا ھېچقانداق شەخسىي غەرەز يوق. مېنى سۆزلەتمىدى دېگەن ئاچچىقىمۇ يوق. ئۇنىڭسىزمۇ مېنىڭ قازانچىلىرىم يېتەرلىك. مەن 30 مىليون خەلقنىڭ ئىچىدە يازغۇچى بولۇپ تونۇلالىغان؛ چەتئەلدىكى — «تاغدا يولۋاس بولمىسا مايمۇن پادىشاھ بولۇۋاپتۇ» دېگەندەك — مۇھىتتا ئەمەس. مەن « پادىشاھ مايمۇنلار»غا ھەسەتمۇ قىلمايمەن؛ پەقەت، شەرقىي تۈركىستان خەلقى نېمىگە مۇھتاج؟ دېگەن نۇقتىدىن ئىشقا تېگىش قىلىنسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى نېمىنى ئۈمىد قىلىدۇ؟ دېگەن نۇقتىدىن ئىزدىنىلسە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نېمىلەرنى بىلدۈرۈپ قويۇش زۆرۈر ۋە تەخىرسىز؟ دېگەن يۆنۈلۈش بويىچە ھەرىكەت

قىلىنسا مەن ئۇلارغا ئاپىرىن ئېيتىشۋېرىمەن. چۈنكى بىز ئېتىزلىقىمىز ئۈچۈن سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغان ئەمەس ياكى شۇنىڭدەك شەخسىي تالىشىمىز يوق.

**رادىئودىكىلەر ئاڭلىتىشقا ئوبدان بىرنېمىلەرنى تاپالماي ئاۋارىمىش دەپ ئاڭلايمەن، نېمىشكە سىزدەك بىر يازغۇچىنى يېنىغا تارتماي، چەتكە قاقىدىغاندۇ؟**

مەنمۇ ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ «بىرنېمە تاپالمايدىغانلىقى» راست. مېنى چەتكە قېقىشى يەنە باشقا بىر مەسىلە. بىر نېمە تاپالماسلىق، ئىلمىي ساپاغا باغلىق مەسىلە بولۇپ، دېمىسىمۇ ئۇ يەردە «بىرنېمە تاپالايدىغان» تېپتىكىلەر يوق ھساپتا. «يولۋاسنىڭ يوقىدىن پايدىلىنىۋاتقان پادىشا ‹مايمۇن›لار». مېنى چەتكە قېقىش مەسىلىسى، سىياسىي سۈپەتكە، سىياسىي سالاھىيەتكە باغلىق. بۇ ھەقتە باشقا ماقالىلەردە كۆپ توختالدۇق ھەم توختۇلۇمىز. شۇڭا بۇ يەردە «بىرنېمە تاپالماسلىق» توغرىسىدا بىر چەتئەل لەتىپىسى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

بىر ھاراقكەشكە يېسۇستىن ۋەھى كېلىپ دەپتۇلەركى، «سېنىڭ ئۈچ تەلىپىڭنى ئىجابەت قىلىمەن، پەقەت ئوبدان ئويلۇنۇپ ئەڭ موھىم بولغان ئۈچ ئارزۇيۇڭنى تىلە».

ھاراقكەش ئويلا-ئويلا، زابوي بولۇپ كەتكەن كاللىسىغا باشقا بىر نېمە كەلمەي، ئاخىرى شۇنى تىلەپتۇ:

— پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ ھەممىسى ھاراق بولۇپ كەتسە.

— ئىجابەت. (ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن دېڭىز-ئوكيانلار ھاراق بولۇپ كېتىپتۇ) قېنى ئەمدى ئىككىنچىسىنى سورا.

ھاراقكەش تېخىمۇ ئۇزاق ئويلىغان بولسىمۇ زەئىپ ئەقلىگە ھېچنېمە كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنىمۇ، ئارزۇ قىلىدىغىنىمۇ بەك پەس نەرسىلەر بولغاچقا، ئۆز تېپىغا ئۇيغۇن بولۇشتىن خالىي بولالماي، شۇنى سوراپتۇ:

—پۈتۈن دۇنيادىكى دەريا-كۆللەر ھاراق بولۇپ كەتسە.

—ئىجابەت —دەپتۇمىش يېسۇس (بارلىق دەريا كۆللەر ھاراق بولۇپ كېتىپتۇمىش)، —ئەمدى ئۈچىنچى ئارزۇيۇڭنى تىلە.

ھاراقكەش ئويلا -ئويلا موھىم دېگۈدەك ھېچنېمە تاپالماپتۇ .ئۇنىڭ تار نەزىرى،زەئىپ ئەقلىدە ھاراقتىن باشقا ھېچنەرسە يوقتەكلىكەن .شۇڭا بەربىر ئۇنىڭ كاللىسىغا باشقا نەرسە كەلمەي،شۇنداق تىلەپتۇ:

— ئاشۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق قوشۇۋەتسىڭىز...

رادىئودىكىلەرنىڭ «بىرنېمەتاپالماسلىقى»دىن تۇغۇلغان ئىلھام بىلەن يادىمغاكەچكەن بۇ «تاپالماسلىق » ئارىسىدا مەنچە بىرخىل مەنتىقىي ئورتاقلىق بار. بۇ پىسخىك خاھىشچانلىقنىڭ ئېلىپ بارىدىغان مۇقەررەر نەتىجىسى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق؛ ئىنسان يوشۇرۇن ئېڭىدا ئورۇن ئالغان شەيئىلەرنىڭ موھىملىق رەتتەرتىبى توغرىسىدىكى ئۈچۈرنىڭ ئىختىيارسىز ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن، مۇشۇ ئاشكارىلىنىش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

**توردىكى بەزى يازمىشلاردا سىزنىڭ تۇتۇمىڭىزغا قارشى ئىنكاستەك بىلىنىدىغان بەزى نەرسىلەرمۇ يېزىلىپ قالغان چاغلار بولغان، مەسىلەنRFA :غا بىرنېمە دېمەيلى، ئۇلار قالتىس ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، قايسىمىزنىڭ قولىدىن شۇنچىلىك ئىش كېلىۋاتىدۇ؟... دېگەندەك. سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟**

بۇ «قالتىس ئىش قىلىۋاتقانلار» ئامېرىكىدىن مائاش ئېلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، نان تېپىپ يەۋاتقان ئىشى شۇ تۇرۇپمۇ ئاشۇنچىلىك ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر بۇ ئادەملەر رادىئودا ئىشلىمىگەن بولسا، پىززىچىلىق ياكى بىرەر رىستۇراندا يۇغۇچلۇق قىلىپ ھاياتىنى قامداپ، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئاشۇ قىلىۋاتقىنىنىڭ ئوندا بىرىنى قىلغان بولسىدى، قالتىس ئىش قىلغان ھېساپلىناتتى، ئەلۋەتتە. «قالتىس ئىش قىلغانلىق» مانا

بۇنداق تۇردىكىلەرگە قارىتىلغان سۆپەت؛ مائاشقا ئىشلەش، ھەتتا مائاشقا لايىقمۇ تۇزۇكرەك ئىش قىلماسلىقنى سۆپەتلەيدىغان سۆز ئەمەس. ھېلىھەم بىرەر سەۋەپ بىلەن بۇ ئادەملەر رادىئودىن ئايرىلىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا ئىزدىنىپ بىرەر ئىش قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىنى — رادىئوغا كىرىشتىن بۇرۇنقى كۈنلىرىنى بىلىدىغانلار لىللا ئويلاپ كۆرسىلا، خۇددى نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ نېسىگە جاۋاپ يوق دېگىنىدەك، «بىكارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلىدىغان ئەخمەقلەر»دىن ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، رادىئو ئۆچۈن بۇ تۇردە ئادۋۇكاتلىق قىلغۇچىلار رادىئونىڭ «يالىقىدا يۈندىگە ئاغزى تېگىپ قالغان»لار ياكى شۇلارنىڭ ھەمتاۋاقلىرى. خەلقنىڭ ساداسى ئەمەس.

## ئائىلىشىمچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بەزى چەكلەنگەن رايونلارنى بەلگىلەپ قويغاچقا ئۇلارنىڭمۇ ئامالى يوقمىش، سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

كەتمەننى ئۆزى ئەپلەشتۈرۈپ چاپالماي، كەتمەندە گۇناھ قويغۇچىلار تىلىمىزدا قانداق سۆپەتلىنەتتى؟ «كەتمەن ئوڭدا ئەمەس، گەپ قوڭدا» دېيىلەتتى. رادىئودىكى ئەپەندىلەر ھەققىدىمۇ شۇنى دېمەك جايىدا. ئەگەر ئۇلاردا بىرەر ئىشنى قىلاي دېگەن نىيەتلا بولسا، «قالاشنى بىلسەڭ قارمۇ كۆيىدۇ» دېگەنىدەك، «چەكلەنگەن رايون» دېگەنلەردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان يول تېپىلماي قالمايتى؛ خۇددى «تالاقتا يول تېپىلغانىدەك»! مەسىلەن: رادىئونىڭ مەيدانى ۋە تۇتۇمى سۆپىتىدە ئائىلىتىشقا بولمايدىغان نەرسىنى، سىرتتىكى بىرىنى زىيارەت قىلىش يولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى ئارقىلىق دېسە، پىرىنسىپقا نېمىسى پۇتلىشاتتى؟ «مەن دېمىدىم، سىرتتىكى بىرىنىڭ ئۆز قارىشىكەن، ئۇنىڭ قارىشىنى چەكلەش ھوقۇقۇم يوق»، ئىش تامام. خۇددى بارلىق قاخشاشلىرىمىنىڭ يادروسى بولغان «نىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىش يوق، كونتروللۇققا چۈشۈپ قالدى» دېگەن قارىشىمدىكىدەك، بۇنداق بىر مەخسەتتە ئىزدىنىش، ئۇرۇنۇش بولمىغاچقا، «يامان بولىدۇ»سى كۆپ بولۇپ، «ساۋاپ بولىدۇ»سى ئاز قېلىۋاتقان گەپ.

## رادىئونىڭ بېشىدىكىلەردە تەرەپبازلىق، مەزھەپچىلىك بار دېيىشتە نېمىگە ئاساسلاندىڭىز؟

مەن بۇ ھەقتە ئىلگىرىمۇ توختالدىم، شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرى — دەسلەپ «گاچا بولىۋېلىشى، كېيىن قىتىغۇرلۇق بىلەن زىددىيەت تېرىش ئۇرۇنىشىدىكى تەتۈرگە ئۆرۈپ سوئال سوراشلىرى — بىتەرەپلىكتىنمىدى؟ ئامېرىكىنىڭ باشقا مەتبۇئاتلىرىغا بىر خىل، پەقەت رادىئونىڭ ئۇيغۇرچە بۆلىمى ئۈچۈن يەنە بىر خىل سىياسەت بەلگىلەنگەنمۇ؟

رادىئونىڭ بەزىلەرنى كۆپتۈرۈپ كۆتۈرۈۋېلىشى، «مەشھۇر ئۇيغۇر پالان نېمىسى...» دېگەندەكلەر مەزھەپچىلىكتىن بولمىسا، بۇ مەشھۇرلۇققا ئاساس تەشكىل قىلغان سەمەرىلەرنى كۆرگەنلەرنىڭ تايىنى يوق. خۇددى كۇرۇك توخۇ زامانلار ئۆتۈپ بىرنى تۇغۇپ قويسا تام ئۈستىگە چىقىۋېلىپ كەچكىچە ۋاقىلداپ غەلۋە قىلغانىدەك، قىلغان ئىشتىن ئېشىپ چۈشكەن بۇ ۋاقىلداشلار مەزھەپچىلىكتىن بولمىسا نېمىدىن؟ قىلمىغان ئىشنى قىلدى قىلىپ، كىچىكنى پىل قىلىپ كۆپتۈرۈپ ماختاشلار، خىتايلارنىڭ بەزى مەخپىي پىلانلىرىدا دېيىلىۋاتقان بىزگە بىر «داھىي» بەلگىلەپ بېرىش ئۇرۇنۇشىنىڭ دەسلەپكى تەشۋىقاتىمۇ قانداق؟ دېگەن گۇماننى تۇغدۇرمامدۇ؟

مەن نورمالدا رادىئونى ئائىلىمايمەن (نېرۋا بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن)، ئەگەر بىرەرسى رادىئودا ئېلان قىلىنغان دىققەتكە سازاۋەر (ئىجابىي ياكى سەلبىي يۆندىن) بىرەر نەرسە ئائىلىتىلغىنى توغرىسىدا مېنى قىزىقتۇرۇپ، ئائلاپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلسا، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ كۈنلۈك باشقا ئائىلىتىشلارنىمۇ ئائلاشقا توغرا كەپ قالىدۇ.

بەزەن كۈلۈپ كېتىمەن، «ئوبزورنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئوبزورچىلىرىدىن ئۆرگىلەي» دەپ. بەزەن، جۈملىلەر ۋە سۆز ئىشلىتىشتىكى بۇجۇمبۇشلۇقتىن يېرىلغۇدەك بولىمەن ۋە « مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام» دېگەندەك، يىغۋالغان ئادەملىرىنى قاراڭلار! «هاپىتىغا شاپتى، مەرەزدارغا توڭرۇلۇق» دېگەننىڭ ئۆزى مانا شۇ-دە، — دەيمەن ئۆز - ئۆزەمگە. بەزەن، «داۋامىنى ئاڭلىتىمىز» دېيىلگەن بىر نېمىلەردىكى سۆرەلمىلىك ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ۋاقىت ۋە ئەهمىيەتنىڭ ئارتۇقلىقى زەردەمنى قايىنىتىدۇ؛ «ۋاي ماز پاينەكلەر!» دېۋېتىمەن ئىختىيارسىز. ئانچىكى نېمىلەر خەۋەرنىڭ ئاساسي مەزمۇن مۇندەرىجىسىدە تىلغا ئېلىنىپ، دىققەتكە هاۋالە قىلىنغىنى ۋە تېخىمۇ موهىم تېمىلارنىڭ ئالدىن تونۇشتۇرۇلمايلا «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك، ئەسكى تامدىن هوشۇر چىققاندەك» بېرىلىشىدىكى تەڭسىز مۇئامىلىمۇ دىققىتىمنى تارتىدۇ. بەلكىم بۇ نان ئاۋارىلىرى نېمىنىڭ تېخىمۇ موهىملىقىنى ئاڭقىرالىغۇدەك ئەهۋالدا بولمىسا كېرەك، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن.

## رادىئونىڭ ختايلار تەرىپىدىن ۋاستىلىك كونترول قىلىنىۋاتقانلىقى هەققىدىكى قارىشىڭىزغا سەۋەپ بولغان ئامىللار قايسى؟

بۇ مەسىلىگە باشقا ماقالىلىرىمدا مەنتىقىي ئاساسلار بىلەن جاۋاپ بېرىلدى. قىسقىسى، ختاي بۇنداق بىر ئەركىن مەتبۇئاتنىڭ پېيىگە چۈشمەي قالامدۇ؟ هەرگىز شۇنداق جاۋاپ بېرىشى مۇهەققەقكى، جەزمەن پېيىگە چۈشىدۇ! گەپ تامام! دېمەك پېيىگە چۈشىدىكەن نېمىلەر قىلىدۇ؟ ئىچىدىن بۇزۇش ئەڭ ئۇيغۇن يول. چۈنكى رادىئونى ئاشكارا تاقاتقۇزالمايدۇ. ئىچىدىن بۇزۇش دېمەك ئەنە شۇنداق پىچەك نەرسىلەرگە ۋاقتىنى كۆپ بېرىش ئارقىلىق، پۇرسەتنى زايا قىلىدۇ؛ خۇددى ئۇيغۇرلارغا پايدىلىقتەك بىلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ختايلارنىڭ پايدىسىغا نەتىجە بېرىدىغان بەزى مەزمۇنلارنى ئاڭلىتىپ، ختاي مەتبۇئاتلىرى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: «ئۇيغۇر تېرورچىلىرى» تىزىملىكىنىڭ ئېلانى قاتارلىقلار. (ئاتالمىش تېرورچىلار هەققىدە باشقا مەخسۇس مۇلاهىزە يېزىشىم مۇمكىن).

بۇندىن باشقا بۇنداق بىر رادىئودا ئىشلىگەن ئادەملەرنىڭ ئائىلىسى ختاي كونتروللۇقىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا بولسا، كېيىن ئىلتىماس قىلىپ ئەكەلگىلى بولارمۇ؟ ئادەتتە هېچ نامى - شەرىپى ئوتتۇرىدا مەلۇم بولمىغان سولتەكلەر ئائىلىسىنى ئەپچىقىش ئىشىدا چىقماسقا پېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى دايىملا كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز؛ ئەمما رادىئودىكى بەزىلەرنىڭ ئائىلىسىنى ختايلار كەڭ قوساقلىق بىلەن ئەۋەتىپ بەرگەن ئىشلارنى نېمە دەپ چۈشەنسەك ئورۇنلۇق بولار؟

يەنە دولقۇن قەمبىرىدەك مۇشۇنداق ئەركىن مەتبۇئاتنىڭ بېشى بولغان بىر جاناپ ئۆتمۈشتە بىر تەشكىلات قۇرغان ۋە تەشكىلاتنى جاكالاپلا ئارقىدىن ۋەتەن زىيارىتىگە بارغان ئەمەسمىدى؟ هېچقانداق ئاكتىپ پائالىيەتتە بولمىغان نۇرغۇن ئادەملەر بېرىپ كېلىشتە، تۇتقانلىرىنى ئەكىلىشتە توسالغۇغا ئۇچراۋاتقانلىقى راستمۇ؟ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇنى ئىنكار قىلمايدىغان بولسىڭىز، ئۇ هالدا «قۇيرۇقنىڭ ئاستىغا ياغقا مىلەنگەن پاختا تەگدۈرۈپ» قويۇلمىغانلىقى قانداقمۇ ئەقلىڭىزگە ياتىدۇ؟

## سىزگە رادىئودا ئىشلەشكە تەكلىپمۇ بېرىلدىمۇ؟ ۋە سىز نېمە جاۋاپتا بولغان بولاتتىڭىز؟

ياق، بۇنداق تەكلىپ بېرىلمىدى. باشقا ماقالىلىرىمدا دېگىنىمدەك، ئامېرىكا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى يولغا قويۇشتا هەرگىزمۇ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى كۆرۈكلەشنى مەخسەد قىلغان ئەمەس، ئەگەر شۇنداق مەخسدى بولغان بولسا دەل ماڭا ۋە مەندەكلەرگە رادىئودا ئىشلەش تەكلىپى بولغان بولاتتى. چۈنكى ئامېرىكىنىڭ بۇنداق نىيىتى بولغان تەقدىردە هازىرقىلار بىلەن بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايتى. رادىئو پەقەت مۇستەبىت تۈزۈم تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ھەق - هوقۇقلار هەققىدە خەلققە بىر ئاز تولۇقلىما بېرىشنى مەخسەد قىلغان ۋە يەنە ئامېرىكا دىپلوماتىيىسىدە بىر تولۇقلۇما تاش رولى ئوينۇتۇشنى مەخسەت قىلغان.

يەنە بىر تەرەپمۇ بار، ئەگەر رادىئودا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىنغان تەقدىردىمۇ مېنىڭ قوبۇل قىلىشىم ناتايىن ئىدى. چۈنكى مەن قوساق بېقىش ئۈچۈن ياشمايمەن. ئۇنداقكەن، سىياسىي غايەم، ئەقىدەم ئۈچۈن پايدىلىق،

پايدىسىز تەرەپلەر، ئىرادەمگە زىت كېلىش ئېھتىمالى بولغان تەرەپلەر ھەققىدە ئويلىنىشىمنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىدە قىلغان نەرسىلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەسىلەن، رادىئودا ئىشلىگۈچىلەر «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتسە بولمايدىكەن. ئەمما مەن دەل شۇ سۆيۈملۈك ئىسمىنى دەخلىسىز دېيەلەيدىغان بولۇش ئارزۇسىدا ياشاۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئائىلەمدىن ئايرىلىپ ئون يىلدىن بېرى سەرگەردان ھايات كەچۈرىۋاتىمەن؛ بۇ ماڭا خۇددى ئاشىقنىڭ ۋىسالىدەككى، بۇ ۋىسالدىن بىر دەقىقە ۋاز كەچمەك، مىليون يىللىق زىندان ئازابىدۇر. ئاشۇ سۆيۈملۈك ئىسىم ئورنىغا «ئۇيغۇر دىيارى» دېگەندەك ناچىنس ئىسمنى قوللانماق، ماڭا ئامبارنىڭ ھاشارسىغا ئىشلىگەندىنمۇ تەس! ئۇنىڭدىن كۆرە بىرەر رېستورانىدا قاچا يۇسامۇ يۇيۇپ ھاياتىمنى قامدىسام، شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئىسىم ئورنىغا ھېلىقىدەك ناچىنس ئىسمنى ئىشلىتىش ئازابىنى تارتمىسام تېخىمۇ راھەت ھىس قىلىمەن.

## سىزگە بۇنداق تەنقىدچىلىك تۇتۇمىڭىز تۈپەيلى ھەرخىل يوللار بىلەن تەھدىتمۇ بولدىمۇ؟

ئەلۋەتتە، ئەمما تەھدىت دەپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەس، بەكمۇ كۈلكىلىك: كىچىك ۋاقتىمدا بىرەرسىنى قورقۇتىۋەتمەك ئۈچۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، تەتۈر ئۆرۈلگەن تۇماقنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلايدىغان ئىش بارىدى؛ تۇماقنىڭ يۇڭلۇق ئىچ تەرىپى ئارقىلىق بۆرىنى ئەسكە سالماق ياكى غالجىر ئىتنى ئەسكە سالماق ئىستەنىسە كېرەك، ئەمما تۇماقنىڭ جۇغى بەك كىچىك بولغاچقا تۈيۈقسىز تۇرغان ئادەممۇ ئۇنى بۆرە دەپ ئويلاپ كەتمەيتى، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىتمىكىن دەپ قورقۇپ كېتىدىغان ئىشمۇ يوقىدى. مېنى ئەنە شۇنداق تەتۈر ئۆرۈلگەن تۇماقنى ئالدىمغا تاشلاپ چۆچۈتىۋەتمەككە ئۇرۇنۇش، بەكمۇ بىچارىلىك ئەلۋەتتە. چۈنكى، بىلىشلىرى كېرەككى مەن كىچىك بالا ئەمەس.

بەزى ھەمتاۋاقلارنىڭ تىلى ئارقىلىق، CIA (ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئاگېنتلىقى) نىڭ ماڭا دىققەت قىلىۋاتقانلىقى، مېنىڭ دىلويىمنى ئىشلەۋاتقانلىقى ھەققىدىكى «ھۆركۈتۈش»لەرمۇ بولدى. نەقەدەر بىچارىلىك بۇ! ئەگەر بۇ راست بولسىدى، مەن قورقمىغاننىڭ ئۈستىگە بەكمۇ خوشال بولاتتىم. چۈنكى، مەندىن «نېمە دەردىڭ بار؟ مەخسىدىڭ نېمە؟» دەپ سورايدىغان ئادەم چىققان بولاتتى –دە، مەنمۇ جىمى دەردىمنى ئاڭلىتىۋالاتتىم. ئىشىنەتتىمكى، بۇ ھۆر دۇنيادا خىتايلاردەك چېقىمغىلا تۇتۇپ قاماپ قويمايدۇ، چوقۇم مەندىنمۇ سورايدۇ.

**ئىنتېرنەت سەھىپىلىرىدە دولقۇن قەمبىرى ئەپەندى بەك قالتىس تونۇشتۇرۇلغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالدىم، بەلكىم سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، بۇ سىزنىڭ چۈكۈرۈشلىرىڭىزگە بېرىلگەن ۋاستىلىك جاۋاپتەك قىلامدۇ قانداق؟ بەزىلەر ئۇششاق رەددىيىلەرنىمۇ يېزىپتۇ، سىز بۇلارغا نېمە دەيسىز؟**

مەن باشقىلاردىن ئاڭلاپ كۆرۈپ باقتىم(چۈنكى مەن نورمالدا بۇنداق «زامانىۋىي پىت بازىرى»دا ۋاقىت زايا قىلالمايمەن)، ئەمما تەپسىلىي ئوقۇمىدۇم. چۈنكى، بۇنىڭ بىر «چاپانچىلىق»تىن مەنبەلەنگەنلىكى، ياكى «چاپانچىلار»غا زاكاز قىلىپ يازدۇرۇلغانلىقىمۇ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. تەپسىلىي ئوقۇغانلارنىڭ ئىنكاسى ئارقىلىق دەڭسەپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىنكاسلاردىن بىرنەچچىنى ئۆرۈپ باقتىم. بىرسى دەپتۇ: ئەگەر بۇ كىشى شۇنداق مەشھۇر دوكتۇر بولغان بولسا، نېمىشكە كەسپىنى تاشلىۋېتىپ رادىئودا ئىشلەيدۇ،... بۇ ئىنكاس مېنىڭ ئىلھامىمنى غىدىقلىدى. راست، كونىلاردا «ھۆنەرنى خار قىلغان يالچىماپتۇ» دېگەن گەپ بار، بۇ ئادەم كەسپتە بۆسۈپ چىقىشقا ئىشەنچ قىلالايدىغان بىرى بولسا، شۇنداقلا كەسپىنى سۆيىدىغان بىرى بولسا بەلكىم كەسپىنى تاشلىۋەتمەيتى،... كەسپ - پەسپ دېگەنلەر بىلەن ئىشى يوق، پەقەت نېمە قىلسا قىلىپ نان تېپىپ يېسىلا بولىدىغان تىپتىكى ئادەملەرلا مانا شۇنداق بولسا كېرەك. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن بولىۋاتقان ئىشلارنى روبىرو قىلىپ، «ھە، شۇڭا - زە ساتراشنى سەنئەت ئۆمەككە باش قىلىپ قويغاندەك ئىشلار بولىۋېتىپتۇ-دە» دەپ ئويلىدۇم. ئويلىغىنىمىزدەك، بۇ ئۆز - ئۆزىنى يۈكسەك كۆرسىتىش ئارقىلىق، رادىئودىكى تۇتۇمى تۈپەيلى نەزەردىن

چۈشۈۋاتقان مۇبارەك نامى - شەرىپىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۇرۇنۇشىدەكمۇ قىلىدۇ. ئەمما، مېنىڭچە بۇ ئۇرۇنۇشلار كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. خۇددى يوقۇرىدىكى ئوخشۇتۇشۇمدىكىدەك، سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەۋاتقان بىرىنى «قولى يۇمشاق، ئۇستا ساتراش ئىدى...» دەپ ماختاشنىڭ نەقەدەر مەنتىقسىزلىق بولۇشى ھەركىمگە ئايان. قالتىس ئارخىئولوگ بولسا شۇ كەسپ ئۈستىدە بولغاندىلا ئاندىن بۇ ماختاش مۇناسىپ كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

دېموكراتىك مۇھىتتا ياشاۋېتىپمۇ كوممۇنىست خىتايلارچە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەمتاۋاق تۇپلاش، «دۆت بولسىمۇ سادىق بولسۇن» پىرىنسىپى بويىچە ئادەم تالللاشلارنى قانداق چۈشەندۈرسە مۇۋاپىق بولىدۇكىن؟ ئەخلاقسىزلىقمۇ؟ ھېچنېمە كۆرمىگەن زېدى پەسلىكمۇ؟... لايىق سۆپەتمۇ تاپالماي قالىمەن...

## بەزى قارشى ئىنكاسلار سىزنى بىئارام قىلىمامدۇ؟

بۇ سوئال ئېسىمگە لۇشۇن فىلىيتونلىرىنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ: لۇشۇن بىرەر ماقالە ئېلان قىلغان ھامان تەرەپ - تەرەپتىن تالاپ كېتىشىدىكەن؛ ئەمما بىر قېتىم ئۇنداق بولماپتۇ، جىم - جىت... بۇ ھال لۇشۇننى قاتتىق خاپا قىلغان ئىكەن. سەۋەبى، ئۇ ئاتقان ئوقۇم جايىغا تەگمەپتۇ دەپ چۈشەنگەن ئىكەن. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىنكاسلارنىڭ بولغىنى ياخشى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، ماڭا قارشى ئىنكاسلار ماقالە شەكلىدە ئېلان قىلىنماي، غەيۋەت سورۇنلىرىدا، تونۇش - بىلىش، ھەمتاۋاقلار ئارا تېلېپون كۆرۈشمىلىرىدە خۇددى يىپ بازىرىدىكى خوتۇنلارچە بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشنىڭ ئېپى يوق، ئورنىمۇ يوق بولۇۋاتىدۇ.

توغرا، بەزى يازما ئىنكاسلارمۇ بولمىدى ئەمەس، ھەتتا پۈتۈنسۈرۈك كىتاپلارمۇ چىقتى. ئەمما بۇ بىچارىلارنىڭ جامائەتكە كۆرۈنگۈدەك يۈزى بولمىغاچقا چۈمبەلنىڭ كەينىدە تۇرۇپ گەپ قىلىدى. بەزى چۈمبەللىكلەرنى خاتا ھالدا «ھەجەپ تەقۋا، ئېپپەتلىك ئايالكەن» دەپ ئويلاپ قالماڭ، يۈزىنى ئاچسا ھەرگىز خېرىدار تاپالمايدىغان جالاپلارمۇ چۈمبەل سېلىۋالغاننى كۆپ كۆرگەنمىز.

## رادىئودىكىلەر بەك خاپىمىش، بۇ خاپىلىق تۈپەيلىدىن ئورتاق يامان كۆرۈش كەيپىياتى شەكىللەنسە كېرەك، شۇنداقمۇ؟

ئەلۋەتتە. تۈز پەقەت يارا بار جايغا تەگسە ئېچىشتۇرىدۇ، بولمىسا ھېچقانداق ئاچچىقى بىلىنمەيدۇ.

ئەسلىدە تەنقىدىم رادىئودىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەس، باشقۇرغۇچىلارغا ئائىت ئىدى. ئەمما ساپا تۆۋەنلىكىدىن، «يەۋاتقان نان»نى قوغداش زۆرۈرىيىتى بىلەن، باشقا قېرىنداشلىرىمىزمۇ باشلىققا «قولمۇ قول يامان كۆرۈشۈپ» بېرىۋاتسا كېرەك.

## رادىئودىكىلەر بىلەن بولغان كۆرىشىڭىز داۋام قىلامدۇ؟

ناھايىتى تەبىئى، داۋام قىلىدۇ ۋە قىلمايمۇ بولمايدۇ. چۈنكى شۇئاندا بۇ چەتئەلدىكىلەر بىلەن ۋەتەندىكىلەرنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان بىردىن - بىر رىشتە. بۇنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن كونترول قىلىۋېلىنىشىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ ۋىجدانىي بۇرچۇم.

## نەتىجىسى سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەمدۇ؟ يەنى زېرىكمەمسىز؟

مەن ئۇنداق ئاسان زېرىكىپ كېتىدىغانلاردىن بولسام مېنىڭ بۈگۈنۈم بولمىغان بولاتتى. ئويلاپ كۆرۈڭ، ئون يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەل مېنىڭ ئون يىللىق ئوقۇش دەۋرىمنى قاپسىغان ۋە نابۇت قىلغانىدى. بىلىسىز بۇ دەۋردە «ئۆزۈندە» يادلاشتىن باشقا ئىش بولمىغان. ئەگەر مەن ئۇنداق ئاسان زېرىكىپ كېتىدىغان بولسام ساۋاتسىز قالغان بولاتتىم. بۈگۈنكى بىلىمىم تامامەن ئەنە شۇ زېرىكمەس روھىمنىڭ، تالماس تىرىشچانلىقىمنىڭ مەھسۇلى. 16 يېشىمدىلا مۇستەقىللىق ئارزۇيۇم تېشىغا تېپىپ، «ئەكسىلئىنقىلاپچى» بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن، 1977 — 78 -يىللىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتاھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىشنىڭ تۇنچى ۋە ئىككىنچى يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتاھانىغا قاتنىشىپ، قىزىلسۇ ئوبلاستى تەۋەسىدىن ئىمتاھانغا قاتناشقانلار ئىچىدە مۆجىزىۋىي نومۇر ئالغان بولسامۇ، كوممۇنىست خىتاي مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە بېرىشىمغا يول قويمىغان ئىدى.

ئەنە شۇ زېرىكمەسلىكىم مېنى قامچىلاپ، ئىچىمدە «سەن بارغۇزمىساڭ، مەن ئالىي مەكتەپنى ئۆيدە پۈتتۈرىمەن!» دېگەن نىشاننى بەلگىلىدىم. ھەر يىلى ئالىي مەكتەپكە كەتكەن قۇرداشلىرىم تەتىل قىلىپ كەلگەندە، بىلىندۈرمەي ئۇلارنىڭ ئومچىنى ئۆلچەپ، ئۆزەمنى سېلىشتۇرۇپ تۇردۇم ۋە شۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن ئىرادە باغلىدىمكى، «كوممۇنىستلار ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغىلى بارغۇزمىغان بولسا، ئەمدى مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا باردىغان بولۇشۇم كېرەك!» ئاشۇ زېرىكمەسلىك، بۇ نىشانغىمۇ يەتكۈزدى(ئەلۋەتتە، ئائىلەم ئۈرۈمچىدە بولغان بولسا بۇ نىشاننى تېخىمۇ دەبدەبىلىك تۈستە ئىشقا ئاشۇرغان بولاتتىم؛ ئەمما ياشاۋاتقان شەھىرىمدە بۇ نىشاننى سىمۋوللۇق تۈردە ئىشقا ئاشۇردۇم: رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرستېتىغا ئۇيغۇر تىلى، ئىستېتىكا، ئىستىلىستىكا، چەتئەل ئەدەبىياتى، خىتاي يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىقلاردىن ئىشتىن سىرت دەرس بەردىم). 30 ياشتىن بۇرۇن بىر كىتاپ نەشر قىلدۇرۇش نىشانىم باردى، شۇ يىلى ئىككى كىتابىم بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قولۇمدا نەشر قىنمىغان، ھازىر ھالەتتە بەش كىتاپ باردى.... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى زېرىكمەسلىكتىن بولۇۋاتاتتى. ھېلىھەم بۇ روھىم ئۆلگىنى يوق. گەرچە ھازىر قېرىپ قالغان، چەتئەلدە ئائىلە خاپىلىقى تۈپەيلى تەڭگە تەڭ دېگۈدەك زەئىپلىشىپ كەتكەن بولسامۇ، يەنە بەزى تىرىشچانلاردىن قېلىشمايمەن. مەن تېخى كومپيۇتېرنى تۇتۇپمۇ باقمىغان 1997 -يىلىدا، «مېنىڭ ئۆز تور بېتىم بولۇشى كېرەك!» دەپ ئىرادە باغلىغان ئىدىم. 1998 - يىلىلا ئاندىن كومپيۇتېرغا ئېرىشتىم ۋە تام تۇتۇپ ماڭغان بالىدەك، ھەممىنى نۆلدىن باشلاپ كىتاپلارغا قاراپ ئۆگىنىپ، ئاخىرى بۇ نىشانىمۇ ئىشقا ئاشۇردۇم. بىرەر چەتئەل تىلى ئۆگىنىپ، ۋەتەنىنىڭ دەردىنى شۇ تىلدا بىۋاستە يېزىش ئارزۇيۇم باردى. كېلىپ تۇرغان يېرىم تۈركىيە بولغاچقا، تۈركچە ماقالە يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلدىم ۋە كېيىن تەدرىجىي كېڭەيتىپ، كىتاپ قىلدىم. ئەمدى ئېنگىلىزچە يېزىش ئۈچۈن ئۆرۈنۈۋاتىمەن، ئەمما بۇ ياشتا بۇنىسى ئاسان بولمايدىغاندەك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان تەلەيلىكلەرگە، بولۇپمۇ چەتئەللەردە ئوقۇش نېسىپ بولغانلارغا ھەۋىسىم كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ نەرسە كۈتىمەن(ھەقلىق يوسۇندا)، ئەگەر ئۇلار ئاشۇنداق ئىمكانلىرى تۇرۇپمۇ ھېچ ئىش قىلماي قوساق بېقىپ يۈرسە تەبىئىيكى مېنىڭ ھۇجۇم نىشانىمغا ئايلىنىدۇ.

## ئائىلىڭىزنى ئەپ كېلەلمەيۋېتىپسىز، ئەگەر رادىئودا كۆپرەك سۆزلەشكە ئىمكانىڭىز بولغاندا بۇ ئىشىڭىز تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتمەسمۇ؟

مېنىڭچە بۇنىڭسىز مەن بىرەر پايدىغا ئېرىشىپ قالمايمەن؛ يەنى، سۆزلىمىگىنىم ئۈچۈن خىتاي ماڭا شەپقەت قىلىپ قالمايدۇ. خىتايلار چەتئەلدىكى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇش ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا مېنىڭ ۋاقىتلىق بىرەر تۇتۇم ئىپادە ئېتىشىم، خىتاينىڭ ئائىلەمگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايدۇ.( يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئائىلەمنى كوزېر قىلىش ئارقىلىق ماڭا بېسىم ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭمۇ ھېچ نەتىجە بەرمەيدىغانلىقى خىتاي ئىستىخباراتىغا سىر ئەمەس.) چۈنكى مېنىڭ خىتايلارنى بەك بىئارام قىلغان كىتاپلىرىم ۋەتەن ئىچىدىمۇ مەخپىي بېسىپ تارقىتىلغانلىقى، بۇ كىتاپنى ئوقۇغانلىقى بىلىنگەن ئادەملەرنىڭ تۈرمىگە تاشلانغانلىقىمۇ كىشىلەرگە مەلۇم. بۇنچىۋالا «گۇناھ»نى قىلىپ- قىلىپ، ئاخىرىدا «ئاكتىپ» بولۇۋېلىشىم بىلەن خىتايلارنى ئالدىغىلى بولمايدىغۇ؟

ئائىلەمنى ئېلىپ كېلىش ئىشىدىكى مۇۋەپپىقىيەتسىزلىك ماڭا خىتاي نەزىرىدىكى زۇلپىقارنىڭ ۋەزنى، قىممىتى، دۈشمەن ئۈچۈن خەتەرلىكلىك دەرىجىسى، قورقۇنۇچلۇق دەرىجىسنى كۆرۈۋېلىش ئىمكانى بەرگەچكە بۇنىڭدىن مەنىۋىي قۇۋۋەت ئالىمەن؛ ئۆز مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، شۇنىڭغا يارىشا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئۆزەمگە ھەيدەكچى بولۇمەن. بەزى «ئىنقىلاپچىلار»نىڭ ھەتتا بەزى «تەشكىلاتچىلار»نىڭ ئائىلە - بالاۋاقىسى چىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرسىلا ئاشۇ قىممەت — ئۆزەمنىڭ ئىنقىلاپچىللىق قىممىتىم — مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن مەنەۋىي مۇكاپاتتۇر ۋە شۇنداقلا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئاۋۇلارنىڭ كىملىكىنى قايتا ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈنمۇ ئىشارەتتۇر. (مەسىلەن: مەزكۇر رادىئونىڭ 8 -ئىيۇندىكى قىممەتلىك خەۋىرىگە قارىغاندا دۇنيا ئۇيغۇر

قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتچىسى‹؟!› دىلشاد رېشىتنىڭ خانىمىنىڭ خىتايلارنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلىپ مۇۋەپپىقىيەتلىك قېچىپ چىققان. ئەسلىدىكى پاسپورتىنى خىتاي تارتىۋالغان ئەھۋالدا، يېڭىدىن يالغان پاسپورت ئىشلىتىپ قېچىپ چىققان. بۇ ھەقتە بىر ماقالە يازدىم.) مانا بۇلارغا سېلىشتۇرۇلسىلا، مېنىڭ قىممىتىمنى كۆرگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدىن ئازاپلىنىمەنمۇ؟ غۇرۇرلىنىمەنمۇ؟ بۇنى كۆپچىلىك ئۆزى دەڭسەپ كۆرسە بولىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئويلىنىپ كۆرىشى ئۈچۈن ھاۋالە قىلغۇم كېلىدۇ: ھېلىقىدەك «ئىنقىلاپچى»لار دەرمىش: بىز چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتقاچقا، خىتايلار قورقۇپ ئائىلىمىزنى تۇتۇپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالماي، چىقىرىپ بېرىۋاتىدۇ! بۇنىڭدىكى بىمەنىلىك ھەربىر نان يېگەن بەندىگە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرسا كېرەك.

سەندىن ئۇ قەدەر قورققاندىكىن، خىتايلارغا بىر ۋارقىراپ قويغان بولساڭ، تىلىمىزنى چەكلىمىسە بولاتتىغۇ!

## ئىككىنچى بۆلۈم، يېڭى دىئالوگلار

**ئىلاۋە:** 2005- يىلدىن كېيىن پىت بازىرى مېنىڭ ھەققىمدە ئومۇمەن سەلبىي نەرسىلەرنى ئېلان قىلىدىغان، ئىجابىي نەرسىلەرنى دەرھال ئۆچۈرىۋېتىدىغان بولۇشتى. شۇڭا سوئاللارنى ئەينەككە يوللايدىغان زىيارەتچىلەر پەيدا بولدى. بۇ سوئاللارغا ئەسلىدە جاۋاپمۇ بېرىلمىگەن ئىدى. بۇ قېتىم بۇ كونا تېمىنى ھازىرلاۋاتقان چېغىمدا يېڭى سوئاللارنىمۇ قېتىۋېتىشنى لايىق تاپتىم. «قالىغاچ ئۇۋىسى... » ۋەقەسى بىلەن سوئاللارمۇ تەكرارلانغان ئىدى.

### تەنقىدلەرگە قىلچە پىسەنت قىلماستىن، ئىلگىرىكى ئىشلاردا ئوخشاش خاتالارنى تەكرارلاش قاراقوساقلىقتىنمىدۇر؟ ياكى تەنقىت قىلغاندىكىن مانا ئەمىسە دەپ تەتۈرلىكى تۇتقانلىقمىدۇر؟

ئويلاپ كۆرۈڭ، ھەر بىر تەپەككۇر ئىگىسى ئويلاپ كۆرسۇن، ئەگەر بىر كىشى ۋەتەن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە كۆيۈنۈدۇغان بولسا، تەنقىت تۈپەيلى تەتۈرلىكى تۇتۇپ، مىللىي مەنپەئەتكە قارشى ياكى قىلچە پايدىسى يوق نەرسىلەرنى ئاشكىلىتىشنى داۋام قىلارمۇ؟ ئەگەر سىز بىر ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتسۆيەرمەن دېسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟ «سەن دېگەندىكىن مانا ئەمىسە!» دەپ، ۋەتەن مىللەتكە پايدىسىز ئىشلارنى قىلىۋېرەمتىڭىز؟ بۇ مەسىلە ئۆز-ئۆزىدىن ئېنىق تۇرمامدۇ.

### سىز دولقۇن قەمبىرى بىلەن تونۇشامسىز؟ كۆرۈشۈپ باققانمۇ؟

تونۇشمايمەن، ئەمما بۇ مۇھتەرەم زاتنىڭ مۇبارەك جامالىنى بىر قېتىم كۆرۈشكە توغرا كەلگەن. تۈركىيەدە بىر مېھماندارچىلىقتا بىللە بولۇپ قالغان ئىدۇق. ئۇنى «رادىئونىڭ باشلىقى» دەپ تونۇشتۇرغاچقا مەن دىققەت قىلغان، مېنى ھېچكىم تونۇشتۇرمىغاچقا ئۇنىڭ مېنى ئەسلىيەلىشى ناتايىن.

### شۇ چاغدا سىزدە قانداقراق تەسىرات قالدۇرغانتى؟

قورسىقىغا ئوبدان ئىشلىگەن ئادەمكەن دېگەن تەسىراتقا كەلگەندىم.

### سىز دولقۇن قەمبىرىنىڭ سىياسىي كىملىكىگە ئىشىنەمسىز؟

ياق، ئىشەنمەيمەن.

### كۆتۈلگەن، ئەمما يەنىلا دەھشەتلىك جاۋاپ بولدى بۇ. سەۋەپلىرىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

مېنىڭچە بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى دەپ بولدۇم ياكى داۋاملىق دەۋاتىمەن. ئەگەر ئۇ سىياسىي كىملىكى ئىشەنچلىك بىرى بولسا، تەشكىلات قۇرغاندىن كېيىنلا ۋەتەنگە بېرىپ كېلەلمەيتتى. شۇنداقلا ئۇ سىياسىي كىملىكى روشەن ھالدا مىللىي مەنپەئەت مەيدانىدا تۇرىدىغان بىرى بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ لاياقەتسىزلىكى كۆڭلىگە ئايان بولغاندىكىن، مىللىي مەنۋىيەتكە زىچ ئالاقىدار بىر ئورۇندا پۇتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئىش بۇزغاندىن كۆرە، مەرتلىك بىلەن بۇ ئىشنى رەت قىلىپ، تېخىمۇ ئۈيغۇن بىر نامزاتنىڭ بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشىغا يول ئاچقان بولاتتى.

**بۇنى سىياسىي كىملىككە مۇناسىۋەتلەشتۈرمەي، ئاشۇ قاراقوساقلىقىقا باغلاپ چۈشەنسەك بولامسىز؟ مەسىلەن، ئۇ قاراقوساقلىقىدىن «مەن بىر دوكتۇرمەن، مەن بۇ ئورۇنغا ئەڭ مۇناسىپ» دەپ ئويلاپ قىلغان دەپ چۈشەنسەكچۇ؟**

ئۇنداق چۈشۈنۈشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇنىسى بەك قايىل قىلارلىق بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، دەسلەپ ئۆزىنى چاغلىيالماي بۇ ئورۇنغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كېيىنكى تەنقىتلەر تۈپەيلى كۆزىنى ئېچىپ، مىللەتنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىغا توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقى، ھەتتا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقىنى كۆرسىتىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن چېكىنىپ كەتكەن بولاتتى. شۇنداقلا ھېچ بولمىغاندا خاتالارنى قەستەن تەكرارلىمىغان بولاتتى.

**بەزىلەر سىزنىڭ كىتاپلىرىڭىز ھەققىدە خەۋەر بەرمىگىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاچچىق قىلىۋاتىدۇ دەپ چۈشۈنۈدۇكەن، سىزچە بۇنىڭ مەلۇم توغرۇلۇق پايى بارمۇ؟**

پەقەتلا يوق دېيەلمەيمەن. ئەمما پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى كىتاپ دېگەن كىتاپ! رادىئودا ئېلان قىلىنمىغانلىغا قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. يەنىلا دولقۇن قەمبىرىدىن ئۇزۇنراق ياشايدۇ. تۈركىي تىللار دىۋانىدىن بىر دانىسى تاسادىپەن ساقلىنىپ قالغان ۋە بىر ئىلىملىكنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىش بىلەن قىممىتى بايقالغان. مىڭ يىلدىن بېرى ياشاۋاتىدۇ. كىتاپ ئەنە شۇنداق ياشايدۇ. رادىئودا ھەربىر كەپپارە – كېپەك كىتاپلارمۇ ئېلان قىلىندى. ھەتتا مەنسۇر روزىبىۋنىڭ «ئۇيغۇر زېمىندە» دېگەن ئەكسىيەتچىل كىتابىمۇ بىر خۇشخەۋەر تەرىقىسىدە ئېلان قىلىندى. بۇلارغا سېلىشتۇرسىڭىزلا ھەقنى سۆيگەن ھەر ئادەمنىڭ قوسىقى كۆپكۆدەك بىر ئىش. ئەگەر بۇ رادىئو قاسىمجان قەمبىرىنىڭ مىراسى بولغان بولسا ئەلۋەتتە ھېچ ئاغرىقىم، رەنجىشىم بولمىغان بولاتتى، ئەمما بۇ ئامېرىكىنىڭ پۇلى بىلەن چۆگۈلەيدۇ، ئۇنى دولقۇن قەمبىرى قوساق باقسۇن دەپ ئېچىپ بەرگەن ئەمەس، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن شۇڭا ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ھەق ئىددىئا قىلىشقا ھوقۇقى بار. ئەمما مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ مىللىي تەقدىرىگە خۇددى «كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قولى توڭۇدىغان» شەكىلدە مۇئامىلە قىلغاچقىلا، سىز ۋە باشقىلار بۇنى مېنىڭ ئىشىمدەك، مېنىڭ كىتابىمنىڭ ئىشىدەك كۆرۈۋاتىسىلەر. ئەمەلىيەتتە بۇ ئومۇمىي مىللەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، غەزەپلىنىشىگە تېگىش بىر ئىش.

ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قىزىقىدىغان بەزى چەتئەللىك دوستلار ئامېرىكىدىن ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بارلىقىنى ئۇقۇپ، «خېلى تەلىيىڭلار بارىكەن» دېيىشتى. ئەمما رادىئونىڭ قىلىپ يۈرگەن «خىزمەتلىرى»دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇ ھەيران قالدى. «سىلەر قانداق خەلقسىلەر؟ ئۆزەڭلارنىڭ ئىشىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار، يەنە كىمدىن، نېمە دەپ ئاغرىنىسىلەر!؟» دېدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، مىللىي مەنپەئەتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق بىر ئورۇندا دولقۇن قەمبىرىدەك بىر قارا قوساقنىڭ ئون يىللاردىن بېرى ئىزچىل ئىشلەپ قالالىشى بىزنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىمىزدىنلا ئىكەن! باشقا ھېچقانداق بىر مىللەت بۇنداق ئىشلارغا بۇ دەرىجىدە يول قويۇپ، ئۇنداق «كەڭ قوساقلىق» قىلمايدىكەن. پەقەت بىز، پەقەت بىزلا مىللىي مەنپەئەتلىرىمىز خۇسۇسىدا ئۆتۈپ كەتكەن سەزىمسىز بولغۇنۇمۇز ئۈچۈن، ئىشلىسە ماڭا نېمە؟ مائاشىنى مەن بېرەمتىم، دەپلا كارىمىز بولمايدىكەن.

**«قارا قوساق» دېۋېرىشىڭىز بىر ئاز كاللامنى قىزىتىۋاتىدۇ، راستىنى دېسەم. ئۇ نېمىلىكى بولمىسۇن بىر دوكتۇر تۇرسا، قاراقوساق دېۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟**

دوكتۇرلۇق مەسىلىسىگە يوقۇرىدا جاۋاپ بېرىپ بولدۇم. «قالىغاچ ئۇۋىسى... »دىمۇ جاۋاپلار بارىكەن. يەنە شۇنى قوشۇمچە قىلسامۇ ئارتۇق كەتمەس، بىرەر دىپلوم، شاھادەتنامە،... دېگەندەكلەر بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسىنى چېكىپ بېقىپ بېرەلمەيدۇ. پەقەت چەكلىك سوئاللارغا جاۋاپ بېرەلىسىڭىزلا بېرىلىدۇ. يادلىۋېلىپ جاۋاپ بەردىڭىزمۇ، كۆچۈرۈپ جاۋاپ بەردىڭىزمۇ؟ باشقىلارنىڭكىنى مېنىڭ ئېتىۋېلىپ قۇتۇلدۇڭىزمۇ؟ بۇنىڭ پەرقى يوق. ئۇنىۋانىنى ئېلىۋېرىسىز. دېپلوملار، مەكتەپنىكى دەسلىكلەرنى ئوقۇغانغا بېرىلىدۇ. مەن نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېت

پۈتتۈرگەنلەرنى، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۈنۋانى قوشۇلغانلارنى كۆرگەنمەن. ئۇلار ئەنە شۇ مەكتەپتىكى دەسلىكنىڭ ئىشىدا ئىككى كىتاپىمۇ ئوقۇپ باقمىغان بولغاچقا، دىھقاندەك پىكىر قىلغاننى ئاز دەپ، ئەقەللىي بىرنەرسىلەرنى چۈشەندۈرگىلى بولمىغان كەچمىشلىرىم بولغاندى. بىلىملىك ئادەمنىڭ، توختىماي ئىزدىنىدىغان بىر ئادەمنىڭ لاس ۋېگاستا ئىشى بولمايدۇ. كاسنولاردا ئىشى بولمايدۇ....

**ئۇنى ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىن ئەيىپلىشىڭىزدىكى سەۋەپلەر، ئاساسلار نىمىلەر؟**

دىموكراتىك دۇنيادا شۇنى كۆرۈۋاتىمىز، خەلق نارازى بولسا ھاكىمىيەتتىكىلەر ئىزا تارتىپ، ئىستىپا بېرىدىكەن؛ كوممۇنىست ختايلاردەك، پۈتۈن مەملىكەت قارشى بولسىمۇ، «ئىنتايىن، ئىنتايىن ئازساندىكى بىر ئوچۇم... » دەپ بىزەڭلەرچە ئولتۇرۇۋەرمەيدىكەن. بۇ بىر ئىنسانىي ئار-نومۇس تۇيغۇسى، ئىزا-ئاھانەت تۇيغۇسىنىڭ ئويغاقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. مۇشۇنداق بىر كېلىماتتا شۇنچە ئۇزۇن ياشاپ تۇرۇپمۇ ئازراق كىشىلىك پەزىلەت ئۆگەنمىگەنلىكى، بېزىرىپ ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ پەزىلەتسىزلىكىنى ئىسپاتلاشقا يەتمەسمۇ؟ ئامېرىكىدەك يات بىر ئەل تەسىس قىلىپ بەرگەن رادىئونى خۇددى قاسىمجان قەمبىرىدىن مىراس قالغاندەك شەخسىي ھىسسىياتىغا كۆرە ئىش ئېلىپ بېرىشىچۇ؟ بۇلارمۇ يەتمەمدۇ؟ يەنە بىرمۇنچە «شاپاققا تېپىلىپ كەتكەنلىكى» ھەققىدىكى خەۋەرلەرمۇ بار، تۈركىيەدە ئاشۇنداق بىر «شاپاققا دۈم چۈشكەن ۋەقە» بوپتۇمىش دېگەندەك رىۋايەتلەرنى ئاڭلىسامۇ، بۇنداق تەرەپلەر ھەققىدە ئېنىق ئىسپات بولماي تۇرۇپ بۇلارنى تىلغا ئېلىپ يۈرمەيمەن. ئۇنىڭ چېۋىندەك «شاپاق - شالتاققا ئامراق»لىقىدىن رادىئودا «يوتا قېتىش باجا»لىرى كۆپىيىپ كەتتى دېگەندەك رىۋايەتلەر تارقالسىمۇ بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ نەدە قانداق «شاپاق تېرىپ يەپ» يۈرىشى ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەمما مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم رادىئونىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئورۇندىكى خىزمەتنىڭ كەسپىي تەلىپىگە توغرا كەلمەيدىغان ساپاسى، خالاس.

**ئەگەر بۇ سۆھبەتنى ياكى دىئالوگنى ئېلان قىلسىڭىز، سىزگە بولغان قارشىلىقى تېخىمۇ ئېشىپ، تېخىمۇ قاشىيىپ كېتىشى مۇمكىن. تۈركىيەدىكى مەلۇم مۇخبىرىگە يېڭى رومانىڭىز ھەققىدە تەكلىپ بېرىلگەندە، ئاڭلىسام ئىجابىي مەيدان ئىپادىلەپتۇمىش، يەنى ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن ئاڭلاتساق بولىدۇ، دەپتۇمىش، ئەگەر بۇ دىئالوگلار ئېلان قىلىنسا، پوقى قېتىپ، بۇ گەپتىن يېنىۋالامسىمۇ؟**

ئەلۋەتتە يېنىۋالىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ماڭا بىرەر زىيىنى بارمۇ؟ ئۇنىڭ ئەخلاق پەزىلەتلىرى ھەققىدە دېگەنلىرىمنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ، شۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە زىيان قىلىدۇ. يەنە بىر تەرىپىمۇ بار: ئۇ ھېلىقى روزىيېۋنىڭ «ئۇيغۇر زېمىندە» دېگەن ئېپلاس كىتابىنى ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن خەۋەر قىپتىكەنمۇ؟ ئوقۇپ بولۇپ بىرنېمە دېيىش پەقەت ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ؟ مانا شۇنىڭدىنلا يەنە بىر ئىسپاتنى كۆرۈۋاتامسىز قانداق؟

«ئازاتلىق تورى»غا قويۇلغان ر ف ئا غا يارىمىغان گۇناھكار تېمىلار دېگەن بىر ماۋزۇنى كۆرۈپ قالدۇق، كېيىن بۇ ئەينەككىمۇ قويۇلدى. بۇ تېمىغا يېزىلغان ئىنكاسلار خېلى ئىجابىي ئىدى، ئىنكاس يازغۇچىلارنىڭ باھاسى يوقۇرى بولۇش بىلەن، رادىئونىڭ مۇشۇنداق بىر ياخشى تېمىنى نېمىشكە رەت قىلغانلىقىغا ئەجەپلەنگەن خۇرسۇنۇشلار باردى. بۇ ھەقتە نېمە دەيسىز؟ ئۇلار بۇنى نېمىشكە ياراتمىغاندۇ؟

خەلققە پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ياراتمىغان، بۇ بىرىنچى سەۋەپ بولسا كېرەك. ئىككىنچى سەۋەپ، مۇخبىر مېنى زىيارەت قىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ ئاۋازىم رادىئودىكىلەرگە رىئاكسىيە بەرگەن. مانا شۇ رادىئوغا يارىمىغان تېمىنى كۆرۈپسىز، دېمەك بۇنىڭدىنمۇ دېگەنلىرىمنىڭ قانچە پىرسەنت توغرا ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالايسىز. بۇ رەت قىلىنغان تېمىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى يوق، بىلىمسەل تېما بولغاچقا، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى دېگەنچىلىكمۇ باھانىسى يوق. پەقەت شەخسىي خۇسۇمەت ۋە ختايلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياش!

**رادىئودىكىلەر ئىلھام توختىنى بەك قالتىس تونۇشتۇرۇپ كەتتى. سىز ئىلھام توختى ھەققىدە گۇمانلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭۇز، بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلاردا بەك يامان ئىنكاسلار بولدى، بۇ ھەقتە نېمە دەيسىز؟**

ئىلھام توختىنى ئەڭ دەسلەپ رادىئوغا تونۇشتۇرغۇچى م. ھە ز... مىش. بۇنى بىر مۇھىم ھالقا سۈپىتىدە ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئەمدى رادىئونىڭ ۋەزىپىسى خىتايلار ئۈچۈن بەزى پايدىلىق جامائەت پىكرى تەييارلاپ بېرىش (بۇ شۇنداقكى، ئەگەر بۇنى خىتاي مەتبۇئاتلىرى دېسە كىشىلەر ئىشەنمەيلا قالماي، تەتۈرىنى چۈشىنىدۇغان نەرسىلەر) بولغاچقا، خىتايلارنىڭ كەلگۈسى شۇم پىلانلىرىدا رول ئوينايدىغان بىر شەخسنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتاتتى. بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ ھۆججىتىنىڭ بىر تۇتۇمى بارمۇ؟ مەن كۆرسەتكەن پاكىتلار قارشىسىدا ھېچقانداق سەۋەپسىز تىللاشلار. ئەپەندىم، مېنى ئوسال قىلماقچى بولسىڭىز، مەن كۆرسەتكەن سەۋەپلەرنى يوققا چىقىرىشىڭىز كېرەك! م. ھە ز... م. ئازاتنىڭ كىملىكىنى تەنتەنە بىلەن جاكالىغان ماقالىسىدا « مېنىڭ ئىسمىم ۋەتەن ئىچىدە مەنئىي قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئىسمىم بىلەن ۋەتەن ئىچىدىكى مەتبۇئاتلاردا يازما يېزىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دېگەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇ مۇبارەك كىشىنىڭ كىملىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ م. ئازات تەخەللۇسلۇق ماقالىلىرى ئۇيغۇر بىز تور بېتىدە تۇرۇۋەردى. باشقا داھىلىرىمىزنىڭمۇ ئۆز ئىسمى بىلەن يازغان «ئەسەرلىرى» بۇ يەردە باردى. ھەتتا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ تور بېتىدىكى نەرسىلەرمۇ كۆنلۈكى كۆنلۈك بۇ بەتتە ئېلان قىلىناتتى. مۇشۇنداق بىر توربەتنىڭ ساھىبى خىتاي دىكتاتورىسى ئاستىدا ئەركىن ياشىيالايتى. بۇ بولسا ھەرگىز گۇمانلىق بولمايتى. گەرچە ئۇنىڭ ئۆيىدە تەقىپكە ئېلىنغانلىقى، ئاتۇشقا بېرىشى چەكلەنگەنلىكى،... قاتارلىق ھېكايىلار بىلەن خۇددى «پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپقانچىلىك» ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمىسىمۇ بۇ بەك كۈلكۈلۈك ئەمەسمىدى؟ نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر خىتايىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەيىپلەشلىرىنى پىسەنت قىلماستىن تۈرمىگە تاشلىغان خىتاي، ئىلھام توختىغا چېقىلالماي، ئۇنى يۇرتىغا بېرىشتىن چەكلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇششاق ئاقلاشلار... ئۇنىڭ بارلىق ھەددى – ھەركەتلىرىنى بىزنىڭ ئۇلۇغ م. ھە ز... ئەپەندىم تەقىپ قىلىپ تۇرغاچقا ھەممىنى خەۋەر قىلدۇ. رادىئو- ئىلھام توختى – م. ھە ز... (ۋەتىنىم تورى) بىر ئۈچبۇلۇڭ ھاسىل قىلغانلىقى كۆرۈلۈدۇ. ۋەتىنىمنىڭ بىر كوپپىيسى ئۇيغۇر بىز تورى ئىكەنلىكى پاكىت ئەمەس ئويدۇرمامىدى؟ بۇ قەدەر پاكىتلارغا پىسەنت قىلماي، «تەرەپ» مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرغان، ئۆز ئىشىغىمۇ «تومۇزدا قولى توڭۇدۇغان» بۇ مىللەتنىڭ ئازاتلىق تامايىدا بولۇشقا ھەققى بارمۇ؟ يەنە ئىلھام توختىنىڭ ئاكىسى ئەركىن توختى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەنلىكىدەك پاكىتمۇ كۆرمەسكە سېلىنىدىغۇ؟ سىلەر ئىلھام توختىنىڭ ئىسمىنى تالادا م. ھە ز... نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاڭلاپ قالغان بىلەن، مەن ئۇنىڭ جەددى - جەمەتىنى بىلمەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىز بىر شورۇقلۇق تۇرساق، بۇمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، «تەرەپ» جانپىدالىقدا قالغان بۇ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ھەققىدە ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ يۈرۈشكە نېمە ھەققى بولار؟!

ئاشۇ پاكىتلاردىن كېيىن توربەتلەردىكى روپاش ئىنكاسچىلارغۇ چۈمبەلنىڭ ئىچىدە نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئامېرىكىنىڭ پۇلىدا چوڭ‌گۈلەيدىغان رادىئومۇ قەيسەرلىك بىلەن خىتاينىڭ شۇم پىلانى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى داۋام قىلدى ئەمەسمۇ؟! مەن يەنە شۇنى دەيمەن، تەكرار دەۋېرىمەن، ئەگەر بىر ماقالىغا قارشى بىرنەرسە يازماقچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن بىر نۇقتىئىنەزىرىڭىز بولسۇن! قارشى ماقالىدا قارشى تۇرۇلۇۋاتقان ماقالىدا «پاكىت» دەپ بېرىلگەن نۇقتىلارنى ئاغدۇرۇۋەتسىڭىزلا بولدى، «ئېشەك، توڭگۇز ساراڭ،... » دەپ تىللىمىسىڭىزمۇ ئۆزى رەسۋا بولۇۋېرىدۇ. پاكىتلار ھەققىدە ھېچقانداق گېپىڭىز يوق، كوچا خوتۇنلىرىدەك تىللاۋەرسىڭىز بىزەپ جالاپلاردىن نېمە پەرقىڭىز، تەقسىرلەر؟

(سوئاللارغا كۆرە داۋاملىق تولۇقلىنىدۇ)

*(ئەگەر سىز بىر ئەخلاق ئىگىسى ئىنسان بولىدىغان بولسىڭىز بۇ تېمىنى ھېچيەرگە كۆچۈرمىگەيسىز. تەۋسىيە قىلىپ ، توربېتىمىزنى تونۇشتۇرسىڭىز بولىدۇ.)*